## 1181 ـ خانىم ـقىزلار ئۆچۈن ھەر قېتىم ئادەت كۆرگەندىن كېيىن سۈننەت قىلىش ۋاجىپ بولامدۇ؟

### سوئال

خانىم ـقىزلار ئۆچۈن ھەر قېتىم ئادەت كۆرگەندىن كېيىن سۈننەت قىلىش (ئەۋرىتىنىڭ تۈكىنى ئېلىش) كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى يۇلۇش ياكى ئۇنى دورا بىلەن تازىلاش، چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش — ئىسلام رىغبەتلەندۈرگەن ۋە قىزىقتۇرغان تەبىئىي سۈننەتلەردىن بىرىدۇر. لېكىن بۇ ئىشنى ھەر قېتىم ھەيزدىن كېيىن قىلىش كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن ئەمەس.

ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىس ئالىملىرى بايان قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەش تۈرلۈك ئىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىي پىترىتىدىندۇر: سۈننەت قىلىش (ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى ئېلىش)، خەتنە قىلىش، بۇرۇتىنى قىسقارتىش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى ئېلىش ۋە قول ـ پۇتنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىش».

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇرۇتىنى قىسقارتىش، تىرناقلارنى ئېلىش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى ئېلىش ۋە سۈننەت قىلىشتا (يەنى ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى ئېلىشتا) بىزگە 40 كۈندىن ئاشۇرىۋەتمەسلىككە بۇيرىدى«. [بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، تىرمىزى، نىسائىي ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار بايان قىلغان. ئۇلار بايان قىلغان يەنە بىر ھەدىستە: «بۇ ئىشلاردا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە قىرىق كۈننى بېكىتىپ بەرگەن«، دەيدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.